يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ
كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ

# كۆڭۈلدىكى مېھمان

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# كۆڭۈلدىكى مېھمان

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھۇ!

مۆمىنلەر قەلبلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان بىر سۆيۈملۈك مېھماننىڭ ئارىمىزغا يېتىپ كېلىشى ھەممىمىزنى قەۋەتلا خۇشال قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ قەدىرلىك مېھمان غەيبلەرنى بىلگۈچى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ئارىمىزدا ئۇزۇن تۇرمايلا كېتىپ قالىدۇ . ئاللاھ تائالادىن بۇ سۆيۈملۈك مېھماننى لايىقىدا كۈتۈشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى چىن قەلبىمىزدىن تىلەيمىز.

- بۇ قەدىرلىك مېھمان بىلەن بىر تونۇشۇپ چىقمايلىمۇ؟

- ئەي ھۆرمەتكە سازاۋەر مېھمان ئۆزىڭىزنى بىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەمسىز؟

- مەن مۇبارەك رامىزان ئېيىمەن. مەن رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئېيىمەن . مەن جەھەننەم ئوتلىرىدىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئايمەن. مەن روزا ئېيىمەن. روزا دېمەك "سۇبھىدىن تاكى قۇياش پاتقانغا قەدەر روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش" دېمەكتۇر.

- ئاللاھ تائالا سىزنى بىزگە قاچان پەرز قىلدى؟

- ئالدى بىلەن مەن ئىسلامنىڭ بەشىنچى ئاساسى بولىمەن.. ماڭا ئېتىبار قىلمىغانلارنىڭ ئىسلامدا نېسىۋىسى بولمىغان بولىدۇ. بەلكى مۇرتەد بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مېنى ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلدى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزنى قانچە يىل تۇتتى؟ (قانچە يىل روزا تۇتتى)

- توققۇز يىل.

- روزا تۇتىشىمىز ئۈچۈن سىزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى قانداق مۇئەييەنلەشتۈرىمىز؟

- ئىككى ئىش ئارقىلىق: بىرى ھىلال ئاينى كۆرۈش، ئىككىنچىسى شەئبان ئېيىنى تولۇق ئوتتۇز كۈن تولدۇرۇش.

- سىز قۇرئان ئېيىسىز، شۇنداق بولغانىكەن بىزگە قۇرئان ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەرمەمسىز؟

- ئاللاھ ياردەمچى بولسۇن!.. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:



«رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر»

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق»

بۇ ئايدا قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىش، ئۇنى كۆپ ئوقۇش ۋە ئۆز ئارا قۇرئان ئۆگىنىش سۈننەتتۇر.

بۇخارىي ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخىي زات ئىدى. بولۇپمۇ رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇچراشقاندا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن رامىزاندا ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ قۇرئاندىن دەرس ئوقۇشاتتى. جەزمەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى سېخىيلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى. [ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

بەزى سەلەپلەر رامىزان ئېيىنىڭ ھەر ئۈچ كېچىسىدە قۇرئان كەرىمنى بىر قېتىم تاماملايتتى.

ئىمام شافىئىي بۇ ئايدا نامازدىن سىرت ئاتمىش قېتىم قۇرئان كەرىمنى تاماملايتتى.

زوھرىي مۇنداق دەيدۇ: رامىزان قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋە ئىپتار قىلدۇرۇش ئېيىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب مۇنداق دەيدۇ: "كېچىسى ئوخلىمىغان ۋە ئۇزۇن تەھەججۇد ئوقۇغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنى بىلەتتۇق."

ۋەھيب ئىبنى ئەلۋەرد مۇنداق دېگەن: بىر كىشىدىن سەن ئوخلىمامسەن؟ دەپ سورالغاندا ئۇ: قۇرئان كەرىمنىڭ ئاجايىباتلىرى ئۇيقۇمنى قاچۇرىۋەتتى، دەپ جاۋاپ بەرگەن.

- ئاللاھۇ ئەكبەر... بىزگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشتا ئادا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن سۈننەتلەرنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟

- بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «روزا ۋە قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندە ئۈچۈن شاپائەتچى بولىدۇ» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى]

ئاللاھ تائالا بىزنى قۇرئان ئەھلىدىن قىلسۇن ۋە روزىغا، كېچىلىرى

تەھەججۇد نامازلىرىنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن!

- رەھمەت... بىزگە ئاللاھ خالىسا، سىزدىن ئالىدىغان دەرسلەر ھەققىدە مەلۇمات بىرەمسىز؟

- روزىنىڭ دەرسلىرى ناھايىتى كۆپ... بۇنداق ئالدىراشچىلىقتا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بۇلالمايمەن. لېكىن قىسقىچە قىلىپ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئىشارە قىلىپ ئۆتەي:

1 - سەۋر. 2 - ئامانەت.. 3 - رەھمەت، باراۋەرلىك ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش. 4 - ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ھەمكارلىشىش.

-5 ئۆزىنى كونترول قىلىش. 6 - تەقۋالىق. 7 - مېھرىبانلىق. 8 - بۇ ئايدا كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ناھايىتى گۈزەل مېتودلار بار.

- روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ قانداق پەزىلىتى بار؟

- ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا بىر ھەدىس، يەنە ئىككى رىۋايەتنى سەمىڭلارغا سېلىپ ئۆتەي:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن ئىپتار بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ». [تىرمىزىدىن]

" ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يېتىم ۋە مىسكىنلەر بىلەنلا ئىپتار قىلاتتى.

"بۇ ئۇممەتنىڭ كۆپلىگەن سەلەپلىرى باشقىلار بىلەن ئىپتارلىرىدا بىرگە بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

- سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئەخمەقلەرگە دەيدىغان قانداق سۆزلىرىڭىز بار؟

- مەن ئۇلارغا: ئاللاھ مەندە (مەن روزا ئېيىدا) گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە مېنى ئۆچ كۆرىدىغاندۇ، دەيمەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ، دەرىجىلىرىنى كۆتۈرىدۇ، يەنە ئۇلار قانداقسىگە مېنى ئۆچ كۆرىدىغاندۇ؟ ئاللاھ ھەممىدىن پاكتۇر. ئەگەر شۇنداق كىشىلەر ھەقىقەت مەۋجۇت بولسا، ھايۋانلار ئۇلاردىن ئەقىللىكرەك بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ ئۇنداق كىشىلەرگە لەنەت قىلسۇن!

- ئاللاھدىن ئۇلارغا ھىدايەت تىلەيلى... ئەمدى بىزگە سىز ۋە



باشقىلار يامان كۆرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بىرەمسىز؟ ھېچ بولمىغاندا سىز بۇ ئايدا بەزى كىشىلەر سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بىرىڭ!

- بۇ تۆردىكى نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ... مەن بەزىلىرىگە ئىشارە قىلىپ ئۆتەي:

1 - قاتتىق ھورۇنلۇق، ئارتۇق ئۇخلاش. 2 - ئورۇنسىز ئىشلار بىلەن ياكى ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلار بىلەن كېچىنى بىكار ۋە ئويغاق ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر. 3 - ۋاقىت ئىسراپ قىلىش. -4 ئىپتاردا تاراۋىھ نامىزىغا تەسىر يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە كۆپ بىر نەرسە يەۋېلىش. 5 -كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ رامىزاننىڭ بېشىدا قىزغىن، ئاخىرىغا بارغاندا سۇسلىشىپ قالىدۇ. 6 - كىنو - فىلىم، كۆپ قىسىملىك تېلېۋىزيە تىياتىرلىرى، قالايمىقان ناخشا - مۇزىكىلارنى ئاڭلاش ئومۇملاشقان...

بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. ئاللاھ ئەھۋالىمىزنى ئىسلاھ قىلسۇن!

- ئاللاھ تائالادىن سىز ئارقىلىق بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى سورايمىز، ھۆرمەتلىك رامىزان. بىزنى سىزدە روزا تۇتۇشقا، كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇشقا نېسىپ قىلغاي، جانابى ئاللاھ!

ھازىر سۇئاللار قىسمىغا ئۆتەيلى!

- روزا كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ؟

- جاۋاب: تۆۋەندىكى كىشىلەرگە: مۇسۇلمان، ئاقىل، بالاغەتكە يەتكەن ۋە روزا تۇتۇشقا قادىر، سەپەردە ئەمەس مۇقىم بولۇپ، باشقا توسالغۇلار بولمىغان كىشىگە ۋاجىبتۇر. كاپىر، ساراڭ، ئاجىز.. ۋە قاتتىق ئېغىر كېسەللەر، ھامىلدار ۋە بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللار، سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەر... روزا تۇتمايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر.

- رامىزان ئېيىنىڭ كىرىدىغان ۋاقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مىلادىي ئېيىغا تايىنىشقا بولامدۇ؟

- جاۋاب: بۇ ئاينى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە مىلادىي ئېيىغا تايىنىشقا بولمايدۇ... بۇ ھەقتە شەيخ ئىبنى باز (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن !) پەتىۋا بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئۇنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدە ئۆلىمالارنىڭ ئىجمائ قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ

- روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەر قايسى - قايسىلار؟

- روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەر سەككىز تۈرلۈكتۇر:



1 - جىما قىلىش (جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش). 2 - قەستەن يەپ - ئىچىش. 3 - ئويغاق ھالەتتە قول ئارقىلىق ياكى ئاياللارغا يېقىن كېلىش ئارقىلىق مەنىي چىقىرىش. 4 - تاماقنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئۇكۇللارنى ئۇرۇش. ئەمما تاماقنىڭ ئورنىنى باسمايدىغان ئۇكۇللار روزىنى بۇزمايدۇ. مەيلى قولدىن ياكى كاسا تەرەپتىن ئۇرۇلغان بولسۇن تەسىرى بولمايدۇ. 5 - قان سېلىش. 6 -نىفاس ۋە ھەيز قېنىنىڭ كېلىشى. 7 - روزىداردىن قان ئىئانە قىلىش، كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قان بېرىشكە ئوخشىغان ھەر خىل شەكىللەردە قان ئېلىش روزىنى بۇزىدۇ. ئەمما چىش چىقىپ كىتىش، بىر يەرلەر قاناشقا ئوخشىغان قەستەنلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا چىققان قانلار بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. 8 - قەستەن ياندۇرۇش.

- ئاللاھ سىلىگە خەيرلىك ئاتا قىلسۇن! روزىدار ئۈچۈن مۇباھ، يەنى روزىسىغا زىيىنى يوق نەرسىلەرنى خاتىرلىتىپ ئۆتكەن بولسىڭىز؟

- جاۋاب: روزىدارغا تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىش مۇباھتۇر:

1 - تۈكۈرۈكنى يۇتۇش بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەمما بەلغەم بولسا ئۇنى يۇتىۋەتمەستىن چوقۇم چىقىرىۋېتىش لازىم.

2 - مەزىنىڭ چىقىپ كىتىشىنىڭمۇ روزىغا زىيىنى يوق. روزىدارنىڭ ئەتىر ئىشلىتىشى جائىزدۇر. ئەمما خوشپۇراق نەرسىلەرنى پۇراشقا بولمايدۇ

3 - روزىدارنىڭ چىش پاستىسى ئىشلىتىشىگە بولىدۇ؛ ئەمما ناھايىتى دىققەت قىلىش لازىم.

4 - ئۆلىمالارنىڭ كۆپلۈك قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا كۆز ۋە قۇلاققا تېمىتىدىغان دورىلارنى ئىستىمال قىلىش جائىزدۇر.

5 - دېمى سىقىلىشنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان پۈركۈلىدىغان دورىنى ئىستىمال قىلىشمۇ جائىزدۇر.

6 - قان تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاز مىقداردا قان ئېلىشمۇ جائىز.

7 - زۆرۈر بولغاندا تاماقنىڭ تۇزىنى تىلنىڭ ئۇچىدا تېتىپ كۆرۈشمۇ جائىزدۇر. ئەمما ئۇنى يۇتماسلىق لازىم.

8 - ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان كىشىنىڭ ئايالىنى سۆيۈشى بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەمما مەنىي مېڭىپ كەتسە روزىسى بوزىلىدۇ.

[بۇ ناھايىتى قىممەتلىك پىكىرلەر بولدى. ئەمما ۋاقتىنىڭ قىسلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزىمىزنى بۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇرمىز. ئاللاھ ھەممىڭلارنى سالىھ ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلسۇن!]

«سايدۇل فەۋائىد» تور بېتىدىن ئا.قارلۇقي تەرجىمىسى.

جانابى ئاللاھ بارلىق مۇمىن- مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتىگە- جەننىتىگە نائىل قىلغاي! دۇئالىرىڭلاردا ياد ئېتىپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن:

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى www.munber.or